مىللىتىمىز تۈرك ، دىنىمىز ئىسلام ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان




# شەرقىي تۈركىستان

ŞARKİ TÜRKİSTAN DOĞU TÜRKİSTAN

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزى» نەشر قىلدى

ئايلىق سىياسى گېزىت
1995
2 - ئاي
8 - سان

## بىرلىك ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتەيلى !

### باشماقالا

يېقىندىلا ئېچىلغان شەرقىي تۈركىستان ، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرى بىرلىك ئىتتىپاقىنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك خەلقئارا يىغىنىدىن كېيىن ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈچ تەرەپ خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسى تېخىمۇ كۆپ خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى ۋە ئۈچ تەرەپ مەسىلىسىنىڭ ئاسىيا تىنچلىقىغا كۆرسىتىدىغان رولىنى تونۇپ يەتتى . جۈملىدىن ، ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ( 1-ئاينىڭ 20-كۈنى) ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس قارار ئېلىندى .

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان خەلقئارادىكى بۇ يېڭى يۈزلىنىشلەر ، بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئىنسان ھەقلىرى ھوقۇقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشىلىق ، نارازىلىق كۈچىيىپ ، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنى كەمسىتىشكە ، چەتكە قېقىشقا ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇستەقىللىق ئورنىنى ئىگىللىۋېلىشقا يول قويۇلمايدىغان ، دېموكراتىيە ، ئەركىنلىك ، باراۋەرلىكنى تەمىن ئېتىدىغان پارلاق بىر كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى ئالدىدا ، 1995-يىل شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن مۇھىم بىر يىل . شۇنداقلا مەيلى سىز ۋەتەن داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىڭ ، شۇغۇللانماڭ ، مەيلى سىز قايسى مىللەتنىڭ ئەزاسى بولماڭ ، شەرقىي تۈركىستانلىق بولىدىكەنسىز ، ۋەتەن داۋاسى سىز ۋە بىزنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلاندى . داۋامى 2 - بەتتە

## كونيادا تۈركىستان گۆش تىجارەت مەركىزى ئېچىلدى




ئۆز خەۋەرىمىز : 1994-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنى تۈركىيىنىڭ كونيا شەھىرىدە «تۈركىستان ئىچكى-تاشقى تىجارەت شىركىتى»نىڭ تۈركىستان گۆش تىجارەت مەركىزى ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى . ئېچىلىش مۇراسىمىغا ، شەرقىي تۈركىستان لىدەرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ، شەرقىي تۈركىستان گېزىتى ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىن ، باش مۇھەررىر شاخەلىل بوزقۇرت ، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلىكى تۈركىيە شۆبىسىنىڭ رەئىسى بەگباجى ، شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى دولقۇن ئەيسا ۋە بىر قىسىم مۇجاھىدلار قاتناشتى . كونيا شەھىرىدىن كونيا ۋەلايەت ۋالىسى ئاتىللا ۋۇرات ، شەھەر باشلىقى ۋەكىلى مۇستافا ئۆزكان ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى زەينەل ئابىدىن ئايغان ۋە نۇرغۇن كونيا ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى بىلەن سودا-تىجارەت ئارىماقلىرىنىڭ مۇھىم خادىملىرى قاتناشتى .

داۋامى 4 - بەتتە

## ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ئىستانبۇلدا



داۋامى 3 - بەتتە

## «ئۇ، ن، پ، ئو»نىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى



ئۆز خەۋەرىمىز : 1995-يىل 1-ئاينىڭ 20--26-كۈنىگىچە ، قىسقارتىلما ئاتىلىشى «ئۇ، ن، پ، ئو» بولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ، گوللاندىيىنىڭ گاگا شەھىرىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى .

قۇرۇلتايغا ، خەلقئارادىكى كۆپ ساندىكى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى . بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ «دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقى» رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى ، مىللىي ھەرىكەت پائالىيەتچىلىرىدىن

داۋامى 2 - بەتتە

# ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ئىستانبۇلدا

بېشى 1- بەتتە

ئۆز خەۋىرىمىز: قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقى رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى، مائاۋىن رەئىس ئابدۇللا ساماساق، دولقۇن ياسىن، ۋاقاس مۇھەممەت ۋە نىغمەت قاتارلىق ۋەكىللەر، بۇيىل 1- ئاينىڭ 20 -كۈنى گوللاندىيىنىڭ گاگا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىللىك بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، قايتىشىدا ئىستانبۇلدا بىر ھەپتە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار ئالدى بىلەن بۈيۈك يولباشچىمىز، بۈيۈك مۇجاھىد ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن كۆرۈشتى ۋە نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە ئەستايىدىل پىكىرلەشتى. قەھرىمان غوجامبەردى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەتەنداشلارنىڭ ۋە ئەفەندىمنىڭ يېقىن سەپداشلىرىنىڭ ئالى سالىمىنى يەتكۈزدى. بۇيىل 90 ياشقا كىرگەن بۈيۈك لىدېرىمىزنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئىنتايىن ساغلام، تەپەككۇرىنىڭ پەۋقۇلئاددە روشەن ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋەكىللەر چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلدى، ھەمدە ئەيسا ئەفەندىمنىڭ سالامەتلىكىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، دۇئا قىلدى.

سالاملاشقاندىن كېيىن، قەھرىمان غوجامبەردى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىللىك بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «قۇرۇلتاي ناھايىتى غەلىبىلىك ئېچىلدى، سىزنىڭ ئوغلىڭىز ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ يېتىشكەن دىپلوماتچىسى، مۇجادىلىمىزنىڭ يېتەكچىسى ئەركىن ئالپتېكىننىڭ قايتا رەئىسلىككە سايلانغانلىقى بىز ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق بولدى». ئۇ مۇنداق دېدى: «قۇرۇلتايدا، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مۇھىم قارار ئېلىندى. شۇنداقلا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ھەقسىزلىكلىرىگە قارىتا، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، مەجبۇرلاش يولى بىلەن ئېلىپ بارغان تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى ۋە ئاتوم يادرو سىنىقى پاجىئەسىنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. قەھرىمان غوجامبەردى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لىدېرىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋەكىللەرنىڭ خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىشىپ، غەلىبىلىك قايتقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى، ھەمدە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «سەپلەرنى تەبرىكلەيمەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىدا ۋاسىتە، بىزنىڭ خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىپ، تاشقى دۇنيانىڭ ياردىمى بىلەن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. شۇنداقلا، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان ۋەتەنداشلارنىڭ ئۆز ئارا تونۇشۇپ، ئۆز ئارا خەۋەرلىشىپ، بۇ ئارقىلىق بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم».



ئەيسا ئەفەندى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ پائالىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى كۆپ ھەرتەرەپلىمە يېتىشكەن كىشىلىرىمىز بار، ئۇلار يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، چوڭ-كىچىك تەشكىلات، جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، بىر نەچچە خىل گېزىت، ژۇرناللارنى نەشر قىلدى. ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ۋەتەن داۋاسىنى جانلاندۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئاھۇزارىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مەن ناھايىتى مەمنۇن، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، مېنىڭ ئۈمىدىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەردە».

ۋەكىللەر، بىر ھەپتىلىك زىيارەت مەزگىلىدە، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال بىرلىكى ئىستانبۇل شۆبىسى، «شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى، قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىر قىسىم ئامما بىلەن ئۇچرىشىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە پىكىرلەشتى، شۇنداقلا تۈركىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇجاھىدلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەن، مىللەت مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تېخىمۇ جانلىق پائالىيەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

زىيارەت ئاخىرىدا، قەھرىمان غوجامبەردى، ئارسلان ئالپتېكىن بىرلىكتە، تۈركىيە گېزىتى تۈرك دۇنياسى ئىشلار بۆلۈمىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىللىك بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئەھۋالى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى بىلەن گېزىتىمىز ساھىبى ئارسلان ئالپتېكىننىڭ زىيارىتىنى تۈركىيە گېزىتى 2-ئاينىڭ 2-كۈنى «تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر قىلىپ بەردى.

# قىرىم تاتارلىرى مىننەتدارلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.



ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 1-ئاينىڭ 29-كۈنى، ئىستانبۇلدىكى ئالتۇنزادە مەدەنىيەت مەركىزىدە، قىرىم تۈركلىرى مەدەنىيەت، ھەمكارلىق جەمئىيىتى، مىننەتدارلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ۋەتەن، مىللەتنىڭ بەختى بىلەن تۈرك دۇنياسىنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىكى ئۈچۈن ئاتىغان تۈركلۈك مۇجاھىدلىرى، قىرىم تۈركلىرىنىڭ مىللىي تارىخچىسى مۇستەجىپ ئۈلكۈسال بىلەن شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ لىدېرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە پۈتۈن قىرىم تاتارلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. قىرىم تۈركلىرىنىڭ لىدېرى مۇستافا جەمىل ئوغلى مىننەتدارلىق پىلاكىتى تەقدىم، ھەمدە ئەيسا ئەفەندىمگە قىرىم تاتارلىرىنىڭ مىللىي قولچىسىنى كىيگۈزدى.

مىننەتدارلىق مۇراسىمىغا، تۈركىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرى، تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەرباپلىرى، تۈركىيىدىكى قىرىم تاتارلىرىنىڭ مۇجاھىدلىرى، تاتار ۋەخپى ئەزالىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى بولۇپ، 300 گە يېقىن ئادەم قاتناشتى.

مۇراسىمدا، قىرىم تۈركلىرىنىڭ لىدېرى مۇستافا جەمىل ئوغلى سۆز قىلىپ، تۈرك دۇنياسىنىڭ بۈيۈك ئىككى لىدېرلىرىنىڭ 90 نەچچە ياشلىق ئۆمرىنى تۈرك دۇنياسى بىلەن ۋەتەن، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، كوممۇنىست رېجىمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلىدى.

ئەيسا ئەفەندىم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ئەڭ دەسلەپ تۈركىيىگە كەلگەندە، پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنىڭ لىدېرلىرى تۈركىيىدە ئىدى. بىز بىرلىكتە تۈرك دۇنياسى ئۈچۈن مۇجادىلە ئېلىپ باردۇق. ئاللاھقا شۈكرى، بۈگۈن بىر مۇنچە تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى بارلىققا كەلدى، ئەمما

داۋامى [illegible]-بەتتە

# ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىگە سالام!

قەيسەر

ئانا يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان،
ئازادلىق ئۈچۈن تەلپۈنەر ئىنسان.
سالام سىزلەرگە ئەيسا ئەپەندىم،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

قولۇمدا قەلەم كۆزۈمدە قان ياش،
ئوقۇپ بىلگەيلا پىقىر ئىسمىمنى.

سىزنى سېغىندۇق پارچە ئىنسانلار،
تۈركىستاندا قايناپ بىز ۋىجدانلار.
كەتمەس بىكارغا تۆككەن قانلار،
قوبۇل ئەتكەيلا ئېھتىرامىمنى.

مىللەت، ۋەتەنگە يولباشچىدۇرسىز،
غېرىپ مىللەتكە قولداشچىدۇرسىز.
ئەركىن دۇنيادا مۇڭداشچىدۇرسىز،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

پاك زېمىن ئىدى تۈركىستانىمىز،
ئالتۇن ھەم نېفىت بىزنىڭ جانىمىز.
تالان-تاراجقا قالدى كانىمىز،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

تۈرك ئوغلى بىز ساپتۇر قانىمىز،
پۈتۈن بولالمىسۇ بىزنىڭ ئانىمىز.
مۇستەقىل ياشاش بار ئارمانىمىز،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

شەرقىي تۈركىستان ئاتالمىش «شىنجاڭ»،
بېسىپ ياتماقتا خىتاي كۆكمەنداك (1)
قاچان بىزلەرگە كېلەر يورۇق تاڭ،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

خىتاي مۇستەبىت كۆمۈپ ئىزلارنى،
نابۇت قىلماقتا خوتۇن-قىزلارنى.
تارتىپ ئۆزىگە ۋىجدانسىزلارنى،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

باسقاچ ۋەتەننى ئىسپلاس ئاياقلار،
نابۇت بولماقتا سانسىز بوۋاقلار.
قالغۇسى بىزدە ئاچچىق ساۋاقلار،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

بوۋاقنى ئالدى قوساقنى يېرىپ،
كۆمدى ئەخلەتكە چېتىنى يېرىپ.
تىرىك تۇرغۇزۇپ ھوكۇلتى ئۇرۇپ،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

ئېچىشار يۈرەك راس گەپنى دېسەم،
بەزى بوۋاقلار ئىتقا بولدى يەم.
بۇنداق زۇلۇمدىن ساقلىسۇن ئىگەم،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

ئەي، بۈيۈك رەھبەر بولغايسىز ئامان،
كېلەر بىزگىمۇ ئازادلىق زامان.
قۇچاغلاشقايمىز كېلىپ سىز تامان،
قوبۇل ئەتكەيلا سالام خېتىمنى.

مىللەتكە لايىق ۋىجدانىڭىز بار،
تۈمەن مىڭ ياش قىز ئوغلانىڭىز بار.
ئازات قىلىشقا ئىمانىڭىز بار،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

سىزنى كۆرۈشكە بىزدە ئۈمىت بار،
بۈيۈك تەڭرىمىز بولسۇن مەدەتكار.
تۈرك ئوغلانلار بولسۇن ئىجاتكار،
قوبۇل ئەتكەيلا سالام خېتىمنى.

تەڭرى بار بىزگە پارلاق كېلەچەك،
ۋەتەن باغىدا ئېچىلار چېچەك.
خەلقىم كۆڭلىنى ئوراپ گۈلزار ئىچىگە،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

يۇرتۇم قەشقەر ئۆزۈم بىر يېتىم،
زالىمغا قارشى مېنىڭ ھەرىكىتىم،
ئىرادەم پولات قەيسەردۇر ئىسمىم،
قوبۇل قىلغايلا سالام خېتىمنى.

1994-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى ---قەشقەر.

## دىن دېگەن نېمە

تەشنايى

ئىلمىي تۈشەنچە نەزەرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىن كەسىپ ئەمەس، ياكى ھۈنەر ئەمەس ۋە ياكى ئۆرپ-ئادەت ئەمەس. بەلكى دىن دېگەن قەلبتىكى غايىپقا بولغان ھېس-تۇيغۇ دېگەنلىكتۇر.

مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىرلىكىنى، پۈتۈن كائىناتنىڭ نىزامى ئۇنىڭ تەدبىرى بىلەن داۋام قىلىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھەقىقەتەن ئادىل ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق زالىم ۋە گۇناھكار ئاللاھتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، ئاخىرى ھەممە ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېساپ بېرىدىغانلىقىنى قەلبىدە ھېس قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى غايىپقا بولغان بۇ خىل ھېس تۇيغۇ كۆز بىلەن كۆرگەندەكمۇ ئىنتايىن روشەن بولىدۇ، مانا بۇ ئىمان دەپ ئاتىلىدۇ. كۆز بىلەن كۆرۈپ ئىشەنگەنلىك ئىمان دەپ ئاتالمايدۇ، بەلكى قەلب بىلەن ھېس قىلىپ، ئىشەنگەندىلا ئىمان دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى بۇ ھېس-تۇيغۇ ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدىغان بىر خىل تەۋەللۇقنى يارىتىدۇ. مۇسۇلماندىكى بۇنداق قورقۇش ۋە تەۋەللۇق ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۆزى ھېساپ ئېلىپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ھېساپ ئالىدىغان كۈنى ئۈچۈن قانداق تەييارلىق كۆرۈش، ئاللاھ بىلەن قانداق ئۇچرىشىش توغرىسىدا بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە چاقىرىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلىش، مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىش دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ھەقىقىتىدۇر.

ئىسلام دىنىدىكى تائەت-ئىبادەتلەر بولسا، پەقەت بىر ھېس-تۇيغۇنى نامايان قىلىش ئۈچۈنلا بۇيرۇلغان. ھېس-تۇيغۇ دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئىبادەتلەرنىڭ روھى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزا، بەرگەن زاكات ۋە قىلغان ھەج بىكاردۇر. شۇڭا قۇرئاندا ئاللاھ «ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر» دەيدۇ. دېمەك، ناماز پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشى تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئاللاھنى ياد ئېتىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا يېتەلمەيدۇ.

ئاللاھنى ياد ئېتىشتىكى مەخسەت تەسبىھ بىلەن «سۇبھانەللاھ»نى 33 رەت ئوقۇش ئەمەس، بەلكى چىن قەلبىدىن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە كامال قۇدرىتىنى ھېس قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىگە «ئاللاھ سىلەرنى تۇتقان روزاڭلار، ئوقۇغان نامىزىڭلارنىڭ تۈپەيلىدىن ئارتۇق كۆرمەيدۇ، بەلكى قەلبىڭلاردا ئورۇنلاشقان نەرسە تۈپەيلىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ» دېگەن.

قەلبدە ئورۇنلاشقان نەرسە بولسا، غايىپقا بولغان ھېس-تۇيغۇدىن ئىبارەت. قەلبىمىزدىكى مۇشۇ ھېس-تۇيغۇ بىلەن قىيامەت كۈنى بىز-بىرىمىزدىن ئارتۇق بولالايمىز، نامازمۇ مۇشۇ ھېس-تۇيغۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ناماز بولالايدۇ. ھېس-تۇيغۇ بولمىغان ناماز دەرەكتىن ئىبارەت بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ناماز قەلبلەرنى يورۇتۇش قۇدرىتىگە قاراپ ئۆز ئەھمىيىتىنى تاپالايدۇ، شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا «ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە يامان گۇناھلاردىن توسىدۇ» دەيدۇ.

نامازدىكى سەجدە، رۇكۇ ۋە خۇشۇ قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئەزا بىلەن ھەم قەلب بىلەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەجدە قىلغىن ۋە يېقىنلاشقىن». ئەزالارنىڭ ۋە قەلبنىڭ ئاللاھقا بىرلىكتە سەجدە قىلىشى بىلەن دىننىڭ چوڭقۇر مەنىسى مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ ۋە ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە ئىنتايىن مۇستەھكەملىنىدۇ.

دىنىي ھېس-تۇيغۇ بىلەن مۇسۇلماننىڭ قەلبى ھەممە نەرسىدە ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كامىل مۇسۇلماننىڭ نەمۇنىسى ۋە ئۆلگىسى ئىدى. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى قۇرەيش كاپىرچە مۇھىتىدە ياشىغان بولسىمۇ، كاپىرچە مۇھىتى ۋە كاپىر مۇئەسسەتى ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى كامىل مۇسۇلمان بولۇشتىن توسالمىغان. شۇڭا، مۇسۇلمان بولۇشنى خالىغان ھەر قانداق ئادەم، ھەر قانداق مۇھىت ۋە جەمئىيەتتە مۇسۇلمان بولۇپ ياشىيالايدۇ. چۈنكى، ئىمان قەلبتە بولىدۇ، دىننىڭ ئاساسى ھېس-تۇيغۇ، دىنىي پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ نامايەندىسى.

پۈتۈن مەخلۇقات ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك مەخلۇق ئىنسان. ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە قەلب، قەلبتىكى ئەڭ شەرەپلىك ھەم ئۇلۇغ نەرسە ئىمان. ئىمان بىلەن بېزەلگەن قەلب بوستانلىققا ئوخشايدۇ، ئىمانسىز قەلب خارابىگە ئوخشايدۇ. دىن دېگەن ئەنە شۇ. دىن ھەر قانداق ھۈنەردىن، كەسىپتىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك.

# ئىككى تەغدىرداش خەلق بىر-بىرىگە مۇھتاج

ئۆز خەۋىرىمىز: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ٤-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان شەرقىي تۈركىستان گېزىتى ساھىبى ئارسلان ئالپ تېكىن، قۇرۇلتاي مەزگىلىدە دالاي لامانىڭ ئامېرىكىدىكى ۋەكىلى كىيالتىسىن كىيالتەگ بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبىتىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىدۇق.

كىيالتىسىن كىيالتەگ مۇنداق دېدى: «سىز ۋە گېزىتىڭىز ئارقىلىق بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە چىن قەلبىمدىن سالام يوللايمەن.

بىز ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا تارىختىن بۇيان تارتىپ كېلىۋاتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ئورتاق قىلىشقا ئىگە. دېمەكچىمىز، ھەمدە ئىنسانىي، ئىجتىمائىي ئەركىنلىكىمىز ۋە سىياسىي ھوقۇقىمىز قاتتىق دەپسەندە قىلىندى. مىليونلارچە قېرىنداشلىرىمىز ئۆلتۈرۈلدى، ئونمىڭلارچە يۇرتداشلىرىمىز ۋەتىنىدىن قوغلاندى، بۈگۈن ئۇلار ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈچلۈك مۇجادىلە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ھەققانىي مۇجادىلىمىز خەلقئارادا قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشتى، شۇنداقلا تىبەت، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئاسىيا تىنچلىقىغا كۆرسىتىدىغان رولىنى تونۇپ يەتتى.

مەن ئىككى تەغدىرداش خەلقنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك ئاساسىدا، مۇجادىلە ئېلىپ بېرىپ، زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا بىر-بىرىمىزنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجىمىز، تىبەت خەلقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن قوللىشىغا مۇھتاج، تىبەت خەلقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي داۋاسىغا ئاخىرغىچە ياردەم بېرىدۇ ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن، بىز، بىرلىك، باراۋەرلىك ئاساسىدا مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ، دۈشمەنگە قارشى كۈچلۈك قوشۇن تۈزۈپ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بوشاشماستىن ئاخىرغىچە مۇجادىلە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

كىيالتىسىن كىيالتەگ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۈيۈك لىدېرى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە ھەم شەرقىي تۈركىستان گېزىتىگە دالاي لامانىڭ ئالىي سالىمىنى يەتكۈزدى.

ئارسلان ئالپ تېكىن كىيالتىسىن كىيالتەگنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولغانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن كۆرسەتكەن تەغدىرداشلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ھەمدە مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، تىبەت خەلقى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئورتاق غايە ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىش، ھەقىقەتەن، بىرلىك، باراۋەرلىككە مۇھتاج، بىز چوقۇم بىرلىكتە مۇجادىلە ئېلىپ بارىمىز.



گېزىت باشلىقى ئارسلان ئالپ تېكىن
باش مۇھەررىر شاخەلىل بوزقۇرت
گېزىتىنىڭ تۈركىيە ئىستانبولدىكى ئادرېسى:
Ataköy 4. Kısım T.O. Blok No. 89/5
İSTANBUL - TURKEY
Tel. : (0212) 559 83 21

ئىزاھات: گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلار ئۈستىدە، تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

# كۆز بىلەن كۆرگەن باشقا

٤-نۆۋەتلىك «ئو.ن.پ.ئو» قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، دوكتور سېبەرد.روبەردگولانىڭ گېزىتىمىزگە گوللاندىيەدىن بەرگەن خەۋىرى: مەن شەرقىي تۈركىستانغا يېقىنقى يىللاردا بىر نەچچە قېتىم ساياھەت قىلدىم. ساياھەت ئارقىلىق قىزىل خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرىنى ئىلگىرى ئاڭلىغانلىرىمدىن نەچچە ھەسسە ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھەركۈنى مىڭلارچە خىتاي پويىز، ئاپتوبۇس ۋە باشقا ئىمكانلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىپ كېلىۋاتقان، ئۈرۈمچى شەھىرى خىتايلارغا تولغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئۇچرىتىش ناھايىتى قىيىن. قەشقەر، كۇچا، ئالتاي تەرەپلەردە ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما، ئۇلار نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. خىتايلار بولسا تۇرمۇش شارائىتى ياخشى ئورۇنلارنى ئىگىلەپ ئالغانىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا غەم-قايغۇ بولمايدىكەن. مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئاڭلىغاندىن كۆرە كۆز بىلەن كۆرگەن باشقا ئىكەن.



# دېڭ شياۋپىڭدىن كېيىن خىتاي پارچىلىنىدۇ

(ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھەربىي رايون ئاگېنتلىقى خەۋىرى). خىتاينىڭ ھازىرقى ئىچكى ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، پارچىلىنىشى يۈزدە ٥٠ پىرسەنت ئەمەلىيەتكە ئاشىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مارىلاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، دېڭ شياۋپىڭدىن كېيىن، خىتايدا چوڭ بىر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، جاھىل كوممۇنىست كۈچلىرى بىلەن دېموكراتىك كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈمەتنى قولغا ئېلىش كۆرۈشى يۈز بېرىدۇ، روسىيە قانداق پارچىلانغان بولسا، خىتاي ئەينى شۇنداق پارچىلىنىپ كېتىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئاجىزلىشىپ، ئىقتىسادى كۈچى يۈزدە ١٥ پىرسەنتكە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ئەھۋال ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

بېيجىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىككى يىل بۇرۇن ئېلان قىلغان بىر خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، خىتايدا يۇگوسلاۋىيىگە ئوخشاش ئىچكى ئۇرۇش پەيدا بولۇشى، ئەمەلدارلار فېدرال سىستېمىغا كۆچۈش تەكلىۋىدە بولۇشى مۇمكىن.

«مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى "تۈرك" دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقازدى. ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى. ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى.»

ماھمۇت قەشقەرى